دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# تۇنجى مۇھەببەت

2

مۇستاپا ئەمىن ( مىسىر )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇستاپا ئەمىن ( مىسىر )

# تۇنجى مۇھەببەت

## 2

تەرجىمە قىلغۇچى : راخمان مامۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب خۇنەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1984 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据湖南人民出版社 1984 年 12 月第 1 版 1984 年 12 月第 1 次印刷本翻译出版。

# تۇنجى مۇھەببەت

ئاپتورى : مۇستاپا ئەمىن (مىسىر)
تەرجىمە قىلغۇچى : راخمان مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى : پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : سەنەۋەر ئىبراھىم ، ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 32.625
نەشرى : 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—00694—6
باھاسى : (ئىككى قىسىم) 75.00 يۈەن

كۇنداشلىق زۇبەيدەنىڭ يۈرىكىنى يەپ كېتىۋاتاتتى، ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئاياللاردىكى كۇنداشلىق ئوتى دۇنيانى كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلاندۇرىدىغان ئوتتىنمۇ يامان. كۇنداشلىق — يېڭىلگەن ۋە غۇرۇرى هاقارەتلەنگەنلەرگە بېرىلگەن ئەڭ سەلتەنەتلىك نام؛ كۇنداشلىق — هاقارەت ۋە بېسىمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان هېس ـ تۇيغۇ. ئاياللار كۇنداشلىق ئوتىدا پۇچىلانغان چاغدا، ئۇلاردا كۈچلۈك نەپرەت، يىرگىنىچ ۋە ئۆچ ئېلىش ئىستىكى قوزغىلىدۇ.

كۇنداشلىق ئوتى ئادەمنىڭ يۈرىكىدە جىمجىت ياتقان تۇيغۇلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۇلغايتىپ، ئاخىر پارتلاش دەرىجىسىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ھەتتا ئاتوم ياساشقىمۇ بولىدىغان نەرسە، كۇنداشلىق بىزنىڭ كۆزىمىزنى توسۇۋالغان چاغدا بىز قارىغۇغا ئايلىنىمىز، ئەقلىمىزدىنمۇ ئېزىپ، تەلۋە قىياپەتكە كىرىمىز. بۇنداق ئەھۋاللارنى بىز كۆپ كۆرگەن. كۇنداشلىقتىن ياسالغان ئۇ ئاتومنى باشقىلارغا ئاتتۇق دېگىنىمىز بىلەن، ئاتوم ئايلىنىپ كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزنىڭ سۆيگەن ئادىمىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىمىز … ياخشى كۆرگەن ئادىمىمىز بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە بولىدۇ، بىز ئۇنى ۋەيران قىلساق، ئاخىرقى هېسابتا ئۆز يۈرىكىمىزنى، ئۆز تېنىمىزنى ۋەيران قىلغان بولىمىز.

كۇنداشلىق هەرقانداق ئادەمدە بولىدۇ، ئەمما ئادىمىگە قاراپ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا كۇنداشلىق قىلمايدۇ، چىرايلىق ئاياللار سەت ئاياللارغا، ئىشق ـ مۇھەببەت سورۇنلىرىنىڭ ئۇستا ئوۋچىلىرى ئوردا هەرەملىرىدىكى ئاغۋاتلارغا كۇنداشلىق قىلمايدۇ. بىراق بۇ مۇتلەق ئەمەس. بەزىدە بىز ئاجىز رىقابەتچىلىرىمىزنى كۈچلۈك، قورقۇنچاق رەقىبلىرىمىزنى

تەڭداشسىز پالۋان، بەتبەشىرىلەرنى گۈزەللىك مۇسابىقىسىنىڭ چولپىنى، ئاغۋاتنى ئايالالر چوقۇنىدىغان مەبۇد، دەپ قىلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى كۈنداشلىق پەيدا قىلغان ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى بىزنى تولىمۇ كىچىكلىتىۋېتىدۇ، ئىشەنچىمىزنى يوقىتىدۇ، ئازراق ئوڭۇشسىزلىقنى پۈتۈنلەي توگەشكەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

زۇبەيدە ئۆزىنى يېڭىلدىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم، دەپ ئويلايتتى، نەجۈنگە، مىسىرلىق ھەربىر ئايالغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچلۈك قىلاتتى. ئۇ نەجۈننى مۇھەممەد باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغىنى ئۈچۈن يامان كۆرۈپ قالدى. ئەكسىچە، مۇھەممەدتە ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشلا بولۇپ، باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتى بولمىغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك، يۈزى تۆكۈلگەندەك سەزدى...

زۇبەيدە نەجۈننىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزى بىلەن ئۇنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ۋە مۇھەممەدنى ئەس - ھوشىدىن ئايرىۋەتكۇدەك قانداق كۈچنىڭ بارلىقىنى ئىزدىدى.

نەجۈننىڭ قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ۋىلىلداپ تۇراتتى. زۇبەيدە ئۇنىڭ ئوبرازىنى كاللىسىغا سىزىپ، ئۇستا سەنئەتكارلارغا ئوخشاش، ئۆزى سىزىپ چىققان بۇ ئوبرازنى ئىنچىكە كۆزەتتى ۋە ئاخىر ئۇنىڭ ھەرقانداق ئادەمنى ئەقىل - ھوشىدىن ئازدۇرىدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى.

ئۇ يەنە نەجۈننىڭ ناھايىتى ئاز ئاياللاردا بولىدىغان سېھرىي كۈچىنى، پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىنى، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ئويناق ھېسسىيات ۋە لەۋلىرىدىكى جەلپكارلىقنى تەپسىلىي ئويلاپ، كۆزىتىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇ رەسىمنى يىرتىپ تاشلىدى، ئاندىن نەپرەت قەلىمى بىلەن نەجۈننىڭ باشقا بىر خىل ئوبرازىنى سىزىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، بۇرنىنى ئۇزۇن، كۆزلىرىنى قىسماق،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

چىشلىرىنى ھىڭگاڭ قىلىپ سىزدى، سىزىپ بولغاندىن كېيىن دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئىچىدە، مۇھەممەدنىڭ چىراي تاللاشتا كۆزى يوق ئىكەن، دەپ ئويلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ بۇ رەسىمنىمۇ يىرتىپ تاشلاپ، نەجۋىنى قايتا يەنە چىرايلىق قىلىپ سىزدى. بۇ رەسىم زۇبەيدەنىڭ يۈرىكىدىكى كۈنداشلىق ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. ئۇنىڭ بەكرەك ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى نەجۋىنىڭ ئۆزىدىن ياشلىقى، بويىنىڭ ئۆزىدىن ئېگىزلىكى ۋە ئالتۇندەك چاچلىرى ئىدى.

زۇبەيدەنىڭ سالامەتلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەركۈنى چۈشتىن كېيىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كوچا ئايلىنىپ كېرەتتى. كوچىدا ئېگىزرەكلا ئايال ئۇچرىسا بىزار بولاتتى، ئۆزىدىن ياش ئاياللارنى تىللايتتى، ئۇلارنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى.

ئۇ ئەمدى مۇھەممەدنى تېپىپ ئۆچ ئېلىشنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا بولغان قارىشىنى سۆزلەيدۇ، ياق، ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ھاجەتسىز، ئۇنىڭ يۈزىگە شاللاقىدە بىرنى تۈكۈرۈپ، كەينىگىمۇ قارىماي كېتىش كېرەك.

زۇبەيدە كېلەر چارشەنبە كۈنى جىبلەيە باغچىسىغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ كۈنى مۇھەممەدمۇ چوقۇم ئۇ يەرگە بارىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ زۇبەيدە بىلەن تۈنجى ئۇچراشقان كۈنى يېرىم سائەتتىن كېيىنلا نەجۋىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى زۇبەيدەنىڭ بىلىپ بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. زۇبەيدە ئۇنى ساقلاپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ باغچە دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئۇ يېقىن كەلگەندىن كېيىن يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي چىقىپ كېتىدۇ.

زۇبەيدە ئۇ كۈننى ناھايىتى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئۇ كۈنى ئۇ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئۇ ئەردىن ئۆچ ئالماقچى. ئۇنىڭ يۈزىگە

چۈشكەن تۈكۈرۈك مۇھەببەت يالقۇنىنى ئۆچۈرىدۇ، زۇبەيدەنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان كۈنداشلىق ئوتىنىمۇ ئۆچۈرىدۇ. ئۇ مۇھەممەدتىن ئۆچىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كېلىشكەن بىرەر يىگىتنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئۇنىڭدىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى كۈلۈپ تۇرۇپ سوراپ، مۇھەممەدتە، مېنىڭ ئورنۇمنى باسقان يىگىت شۇ ئىكەن ـ دە، دېگەن ئوي پەيدا قىلىدۇ.

ئۇ مۇھەممەدنى بىر ئېغىزمۇ ئەيىبلىمەيدۇ. ئەيىبلەش، دە ـ تالاش قىلىش مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ كۆۋرۈكى بولۇپ قالىدۇ. زۇبەيدەگە ئەمدى بۇ كۆۋرۈكنىڭ لازىمى يوق، ئۇنىڭغا ئۆچ ئېلىش كۆۋرۈكى كېرەك. زۇبەيدە جىبلەيە باغچىسىدا ياش يىگىتتىن بىرنى تېپىپ مۇھەممەدنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ، ئۆچ ئېلىش كۆۋرۈكى دېگەن مانا مۇشۇ.

زۇبەيدەنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى مۇھەممەد بىلمەيدۇ، زۇبەيدەمۇ مۇھەممەدنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە خائىنلىق قىلغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. مۇھەممەد يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا، زۇبەيدە ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ بىر مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىر يىگىتنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەممەدتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى نامايىش قىلىدۇ.

زۇبەيدە خۇددى ئۆمرىدە ياسىنىپ باقمىغاندەك، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك خۇشاللىق بىر ئىشقا بارماقچى بولغاندەك ئەستايىدىل ياسىنىشقا باشلىدى. ئۆچ ئېلىش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ئىشى. زۇبەيدە قۇتلۇق كۈننى تىلىنى سايرىتىپ قۇتلۇقلايدىغاننىڭ ئورنىغا يۈرىكىدە قۇتلۇقلاۋاتاتتى.

بۈگۈن ئۇ چۈمپەردە تارتمىدى، ئەمدى ئۇ ھېچكىمدىن قورقمايتتى، ھېچكىم ئۈچۈن ئەنسىرىمەيتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى يېرىم سارائىغا چىقىرىۋەتتى، ئەمدى سارائىغا سوت يوق. ئەگەر ئەۋنى پاشا ئۇنىڭ مۇھەممەدكە تۈكۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئۇنىڭغا، مۇھەممەد سىزگە ئۆچ، سىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ بولغاچقا تۈكۈردۈم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ.

ئۇنىڭچە بولسا ، مۇھەممەدنىڭ يۈزىگە قانداق تۇكۇرگەنلىكىنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللار كۆرگەن بولسا ، نەجۈمۇ بۇگۈن باغچىغا بېرىپ ، زۇبەيدەنىڭ مۇھەممەدكە قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە . ئۇ چاغدا زۇبەيدە نەجۈىگە ، مۇھەممەدنىڭ ساڭا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئاچچىقىم كېلىپ يۈزىگە تۇكۇردۇم دېسە ، پۈتۈن مىسىر ئاياللىرى چۈشتىن كېيىن جىبلەيە باغچىسىغا يىغىلىپ ، مۇھەممەدنىڭ يۈزىدىكى نومۇسنى قانداق سۈرتىدىغانلىقىنى بىر كۆرسە .

زۇبەيدە باغچىغا كېلىپ تونۇش ئورۇندۇقتا نەزەر تاشلىدى ، مۇھەممەد كۆرۈنمەيتتى . زۇبەيدە باغچىدىكى ھەربىر ئەرنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدى ، مۇھەممەدنى تاپالمىغانسېرى جۇدۇنى ئۆرلىدى ، چىشلىرى كىرىشىپ ، كالپۇكلىرىنى چىشلەپ كەتتى : خۇدا ئۇنى بۇگۈن باغچىغا كېلىشكە بۇيرۇماي ، يۈزىگە تۇكۇرىمەن دېگەنلىرىم بىكار بولۇپ كېتەرمۇ . ئۇنى ساقلايمەن ، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ… ئۇ ھازىر ۋاقىتقا تازا رىئايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى . بۇرۇن دېيىشكەن ۋاقىتتىن بىر سائەت ، ئىككى سائەت ، بەزىدە ھەتتا تۆت سائەت بالدۇر كېلىۋالاتتى . ئۇ چوقۇم بىر ئىككى - قېتىم دېگەن چاغدا كەلدى . ھەر قېتىم مەن كەلمىگەندىكىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئىككىنچى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەمدى ئۇ مەندىن يۈز ئۆرۈدى ، مەندىن ئېگىز ، مەندىن سۈزۈك ، مەندىن ياش بىرەر ئايالنىڭ ئۆيىگە كەتتى .

زۇبەيدە ناھايىتى روھسىز ، خۇددى تاۋۇتنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان ئادەمدەك ئورۇندۇققا قاراپ ئاستا ماڭدى . يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن دەرۋازا تەرەپكە تىكىلدى … بىرنەچچە مىنۇت ، يېرىم سائەت ، بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى .

شۇ ئارىدا ، كىنو چولپىنىغا ئوخشايدىغان كېلىشكەن ، رەتلىك كىيىنگەن بىر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى . ئۇ سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سوراپ مۇھەممەدنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىمەن ، دەپ

ئويلىغان يىگىت مانا مۇشۇ يىگىتكە ئوخشىشىدىغان يىگىتلەردىن ئىدى . ئۇ مۇھەممەدتىن چىرايلىق ، چاچلىرى بۇدۇر ، يېشىمۇ كىچىك ، بويىمۇ ئېگىز يىگىت ئىدى . ئۇ شۇ قەدەر كېلىشكەندى ، ئەگەر شۇ تاپتا مۇھەممەد كېلىدىغان بولسا زۆبەيدە ئۇنىڭ كۆزىچىلا بۇ يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ، باغچىدىن بىللە چىقىپ كەتكەن بولاتتى . مۇھەممەدنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەي ، باغچىدىن مۇشۇ چىرايلىق يىگىت بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدىغانلا بولسا ، بۇ مۇھەممەدكە كاچىتىغا ئۇرغاندىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلاتتى ، مۇھەممەد يۈزىگە تۈكۈرگەندىنمۇ ، كاچىتىغا ئۇرغاندىنمۇ بەكرەك ھاقارەتلەنگەن بولاتتى .

ئۇ يىگىت يېقىنلاشقانسېرى زۆبەيدەنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى . ئۇ كۆزلىرى بىلەن مۇھەممەدنى ئىزدەيتتى ، كېلىپ مېنى كۆرسىكەن ، دەپ ئارزۇ قىلاتتى···

زۆبەيدە ئۇ يىگىتنى مۇھەممەد ئولتۇرىدىغان يەرگە ئارتىپ ئولتۇرغۇزسا ، مۇھەممەد كېلىپ ئۆز ئورنىنى باشقىلارنىڭ تارتىۋالغانلىقىنى كۆرسە ، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە !

ئۇ يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ، تولىمۇ مۇلايىم ئاھاڭدا :

— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ، — دېدى .

زۆبەيدە دەررۇ يۈزىنى ئۆرۈۋېلىپ ، ئۇ يىگىتنىڭ ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايىغا ، چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپمۇ قويمىدى . ئۇ يىگىت بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە نەپرەتلىك ، قوۋۇ ، ھېيلىگەر بولۇپ كۆرۈنۈپ ، ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى . مۇھەممەد كېلىپ قېلىپ ، ناتونۇش بىر يىگىت بىلەن تۇرغىنىمنى كۆرسە يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ ، كاچىتىمغا ئۇرۇپ ، ئاندىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كېتىپ قالسا ، مەن قانداق قىلىمەن ، دەپ قورقتى .

زۆبەيدە شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ باغدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى ۋە تاكسىدىن بىرنى توختىتىپ ،

شوپۇرغا ماشىنىسىنى تېز ھەيدەپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى .

بۈگۈن ئۇ مۇھەممەدنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى . ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ يۈرۈپتۇ ، مۇھەممەدنىڭ يۈزىگە تۆكۈرمەكچى ئەمەس ، ئەكسىچە سۆيمەكچىكەن ، كاچىتىغا ئۇرماقچى ئەمەس ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇچاقلىماقچىكەن ، باغچىغا بېرىپ ئۇنى تىللىماقچى ئەمەس ، ئەكسىچە مەيلى مۇھەممەد ئىلگىرى ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولسۇن ، ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى ئىكەن .

زۇبەيدە ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپتۇ ، ئاغزىدا تىللىغىنى بىلەن چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدىكەن ؛ ئۇنى ھاقارەتلەپ تىللىشى ، زەخىم يېگەن يۈرىكىگە تەسەللىي بېرىش ، ياخشى كۆرمەيمەن دەپ چۇقان سېلىشى ، يېڭىلگەن غۇرۇرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن .

دوختۇرلار ئۇنىڭغا قانداق دورا بېرىشنى بىلمىدى . يۈرەك كېسىلىنى يۈرەك كېسىلىنىڭ دورىسى بىلەن داۋالاش كېرەك ، ئۇنىڭ يۈرەك دورىسى مۇھەممەد ئابدۇلكەرىم .

زۇبەيدە مۇھەممەدنى تېخىچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىقرار بولغاندىن كېيىن قەتئىي يىغلىمايدىغان ، ساراڭدەك قىلىقلارنى قىلمايدىغان بولدى . ئەمدى ئۇ كېچە - كۈندۈز قانداق قىلسام مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشەرمەن دەيدىغان بىرلا خىيالنى قىلىدىغان بولدى . ئۇ ھاياتىدا ھېچكىمگە مۇھەممەدكە نەپرەتلەنگەندەك نەپرەتلەنمىگەن ، يەنە ھېچكىمنى مۇھەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۇ دەسلەپتە ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردى ، ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنى ئارزۇ قىلدى . ئەمدى مۇھەممەد بارلىق ئېگىز بوي ئاياللارنى ، بارلىق ئاق يۈزلۈك ئاياللارنى ، مىسىردىكى ئۆزىدىن كىچىك جىمى ئاياللارنى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ، زۇبەيدە ئۇنى ئوخشاشلا ياخشى

كۆرىۋېرىدۇ .

زۇبەيدە ئۆزىدىكى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە ھەيران قالدى . ئۇنىڭدىكى كۈنداش يالقۇنلىرى قانداق بولۇپ ئۆچۈپ قالدى ؟ ئۇنىڭغا نەشتەر بولۇپ سانجىلغان «سائەت يەتتە يېرىم »نى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدى ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېنىۋاتقان ئوتنى جىبلەيە باغچىسىدىكى كەيپىيات ئۆچۈرۈۋەتكەنمىدۇ ؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا شاھىت دەرەخلەردىن ئىزا تارتىپ ، مۇھەممەدتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىمنى بىلىپ قالدى دەپ شۇنداق ئۆزگەرگەنمىدۇ ؟ ياكى بولمىسا باغچىدا قېپقالغان تىنىقلىرى ئۇشتۇمتۇت سۇ تامچىلىرىغا ئايلىنىپ ، ئۇنى ئەندىكتۇرۇپ ھوشىغا كەلتۈرگەنمىدۇ ؟

دۇنيادا «ئادەم تىرىلدۈرىدىغان سۆيۈش » بار ئىمىش ، يۈرىكى توختاپ قالغان ئادەملەرنى شۇ سۆيۈش بىلەن بىرنى سۆيۈپ قويسا ، ئۇ ئادەملەر دەررۇ تىرىلەر ئىمىش . مۇھەممەدنىڭ سۆيۈشلىرى شۇنداق سۆيۈش بولسا ، زۇبەيدەنىڭ لەۋلىرىدە قالغان قالدۇقلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ھايات ئۇرۇقىنى چاچقانمىدۇ ياكى ئۇ باغچىدا مۇھەممەد يۆلەنگەن ئورۇندۇققا يۆلەنگەن چاغدا ، مۇھەممەد ئۇچۇن يالقۇنلىغان كونا ئوتلار قايتا تۇتىشىپ كەتكەنمىدۇ ؟

زۇبەيدە ئۆيگە خۇددى مۇھەممەدنى كۆرۈپ كەلگەندەك غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كىردى . ئۇ بۈگۈن مۇھەممەد بىلەن راستىنلا كۆرۈشكەندەك ، باغچىدىكى ھەربىر تال قىزىلگۈل ، ھەربىر تۈپ گىياھ ، دەل - دەرەخ ، سەلكىن شامالدىن ئۇنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك ، ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا سىيماسىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى . ئۇ مۇھەممەد بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ ، خۇددى يېتۈپ كەتكەن بايلىقىنى تېپىۋالغاندەك بولدى ۋە كۈنداشلىقى تۇتقان كۈنلەردە ھېس قىلغان ھاقارەت ۋە نومۇسلىنىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى . ئۇ ھۇجرىسىغا ، مۇھەممەد ئابدۇۋاھاپنىڭ :



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئۆتتۇم يارىم ئىشىكى ئالدىدىن
بىلدىم قاپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى مەندىن.

دېگەن يېڭى ناخشىسىنى غىڭشىپ كىردى.

ئەۋنى پاشا ھۇجرىغا ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن:

— بۈگۈن جىبلەيە باغچىسىغا نېمە ئىش بىلەن باردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

زۇبەيدە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە تۇيۇقسىز سورىغان سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە بىر خىل كۈچ سەزدى... مۇھەببەت ھەرقانداق بىر قورقۇنچاقنى باتۇر قىلىۋېتەلەيدۇ. زۇبەيدەمۇ شۇنداق باتۇرغا ئايلىنىپ، ئۇنى زاڭلىق قىلغان تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ جىبلەيە باغچىسىغا بارغىنىمنى بىلگەندىكىن، نېمە ئۈچۈن بارغىنىمنىمۇ بىلەرسىز. سىز كەينىمگە سېلىپ قويغان يوشۇرۇن پايلاقچى مېنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىمنى سىزگە تەپسىلىي مەلۇم قىلغاندۇ.

— ئۇ يىگىت يېنىڭغا بېرىپ: «كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن» دېگەندە، نېمانچە ھودۇقۇپ كەتتىڭ؟

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى زۇبەيدە ھەيران قالغاندەك قىلىپ، — ساقچىلارنىڭ مەلۇماتى تۈنجى قېتىم توغرا چىقىپتۇ - دە، مەن تېخى سىزنى ئۇ يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئولتۇردۇڭ دەمدىكىن دەپتىمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان بولساڭ كاللاڭنى ئالاتتىم، — دېدى ئەۋنى پاشا كۈلۈپ، — ئۇ يىگىت مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ساقچى ئەمەلدارى. ئۇ مۇھەممەد ئابدۇلكەرىم بىلەن ئۇچراشقان ھېلىقى نامەلۇم ئايالنى تېپىشقا مەسئۇل. ئۇ ئايال

خۇددى بىزنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقىنىمىزنى بىلىپ قالغاندەك ھازىرغىچە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. مۇھەممەد ھەر كۈنى سائەت ئالتىدە باغقا كېلىپ بىر سائەتچە تۇرۇپ كېتەتتى، تۈنۈگۈندىن باشلاپ كەلمەيدىغان بولدى.

مۇھەممەدنىڭ باغچىغا ھەر كۈنى كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ زۇبەيدە ناھايىتى خۇشال بولدى. بۇ ئۇنىڭ زۇبەيدەنى تېخىچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئۇ بۈگۈن نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟ ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟

زۇبەيدە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن:

— تەپتىش مەھكىمىسى ئۇ ئادەمنى گۇناھسىز دەپ قويۇۋەتسە، سىلەرنىڭ يەنە ئۇ ئادەم بىلەن چۈمپەردە تارتقان ئۇ ئايالنى نازارەت قىلىپ يۈرگىنىڭلار قىزىق، — دېدى.

— گۇمان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى، — دېدى ئەۋنى پاشا خۇددى ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق ئىلمىدىن دەرس سۆزلەۋاتقاندەك، — بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىرمۇ مىسىرلىق ساق ئەمەس، ھەممىسى جاۋابكار، ھەممىسى گۇمانلىق، ھەممىسىدە مەسىلە بار. ئۇلار بۈگۈن ساق بولسا، ئەتە گۇناھكارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەربىر گۇمانلىق ئادەم مېنىڭ نازارىتىم ئاستىدا بولىدۇ، ۋەزىرلەرنىڭ تېلېفونلىرىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىمەن. چۈنكى مەن ھېچقايسى ۋەزىرنى ئۆكتىچى پارتىيىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئىچكى كابىنېتقا قارشى تۇرمايدۇ، دەپ ئېيتالمايمەن.

زۇبەيدە ئىچىدىكى قورقۇنچنى كۈلكە بىلەن بېسىپ شۇنداق دېدى:

— بۇ گەپچە بىزنىڭ ئۆيدىكى تېلېفوننىمۇ باشقىلار ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىكەن ـ دە، سىدقى پاشا سىزنىڭكىنى، سىز ئۇنىڭكىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان ئوخشايسىلەر.

— ھېچكىم مېنىڭ تېلېفونۇمنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىيالمايدۇ، بۇ مېنىڭ ھوقۇق دائىرەمدىكى ئىش.

ئەۋنى پاشا زۇبەيدەنىڭ كۆڭلىگە گۇمان تۈگۈنىنى سېلىپ

قويۇپ ھۆجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ زۇبەيدەنى پايلاۋاتامدۇ ياكى مۇھەممەدنىمۇ ۋە ياكى ھەر ئىككىسىنىمۇ؟ زۇبەيدە خۇدىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان بولسا، شۇ گەپ ئۇنىڭ گۇماننى قوزغاپ قويغانمىدۇ؟ ئۇ مۇھەممەدنىڭ نەجۋىنى دەپ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا چىرقىراپ ھوشىدىن كەتكەن، ئەۋنى پاشا مۇشۇ ئىشتىن مۇھەممەد بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى بايقاپ قالغانمىدۇ. زۇبەيدە ئەۋنى پاشا سەئىدىيە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى يوللىغان مەخپىي مەلۇماتنى ئوقۇپ بىرىۋاتقاندا ھوشىدىن كەتتى. ئەۋنى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن سورىمايدۇ؟ كونىلاردا: «بېشىڭدا يارا بولسا، ئۇنى تۇتقۇڭ كېلىپلا تۇرىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئەمما زۇبەيدەنىڭ بېشىدا يارا يوق، يارا پۈتۈن بەدىنىدە، ئۇ يارىلار ئېغىزلىرىنى ئېچىپ: «بىز مۇھەممەدنى ياخشى كۆرىمىز!» دەپ چۇقان سالىدۇ.

ئەگەر مۇھەممەد بۈگۈن جىبلەيە باغچىسىغا بارغان بولسا، زۇبەيدە ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دېگەن بولسا، ئۆزى تۈزگەن پىلان بويىچە ئېرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇ چىرايلىق ساقچىدىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سورىغان بولسا، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەتتى- ھە! مۇھەممەد نېمە كۈنلەرگە قالار ئىدى؟

زۇبەيدە بىر مۇھەممەدكىلا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئېرى ئۇنى تالاق قىلىۋەتسۇن ياكى ئۆيدە ئېلىپ قالسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر ئىدى، مۇھەممەد ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن زىيانغا ئۇچراپ قالمىسىلا بولاتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ مۇھەممەدنى مۇستەبىت ئېرىنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان ساقلاپ قېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەمدى مۇھەممەدنى كۆرمەي، ئاۋازىنى ئاڭلىماي، كۆزلىرىگە تىكىلمەي، كۈچلۈك ئىسسىقلىقى بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنى كاۋاپتەك كۆيدۈرىدىغان ۋۇجۇدىنى قۇچاقلىماي چىدىمايتتى… جىبلەيە باغچىسى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپتۇ، ئۇ يەرگە ئەمدى بارغىلى

بولمايدۇ، ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگىلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى «نۇر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ تېلېفونىنىمۇ ئۇلار ئوغرىلىقچە ئاڭلىشى مۇمكىن. ئۇ مۇھەممەدنىڭ جەزىرە بەدرانىدىكى ئۆيىگىمۇ بارالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ - دە.

زۇبەيدە مۇھەممەدنىڭ سەئىدى فەرج قەھۋەخانىسىنىڭ خوجايىنى ۋەھدان توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. نېمىشقا شۇ يەرگە بېرىپ، ۋەھداندىن مۇھەممەدنىڭ ئادرېسىنى سورىمايدۇ؟ بىراق، ئۇ يەرگە ئاشكارا بېرىشقا بولمايدۇ، ئۇ يەردە زۇبەيدەنى تونۇيدىغانلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ خانىمى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇنى پارلامېنتنىڭ تەبرىكلەش مۇراسىملىرىدا كۆرگەن، «نەققاش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىغىمۇ ئۇنىڭ باشقا ۋەزىرلەرنىڭ خانىملىرى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى بېسىلغان. قەھۋەخانىدىكىلەر ئۇنىڭ ھەنەفى ئۇستامىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ تۇرار جايىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا بىر مۇنچە سۆز - چۆچەك قىلىدۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر تەۋەككۇلچىلىك كەلدى.

ئۇ يېقىن خىزمەتكارى سانىيەنى چاقىردى. سانىيە ئۇنىڭ خىزمەتكارىلا ئەمەس ھەم دوستى ئىدى، زۇبەيدە توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار ھۇسەيىن رايونىدا قوشنا ئولتۇراتتى. توي قىلغاندىن كېيىن سانىيەنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ بىرنەچچە بالىسى بىلەن ئىگە - چاقىسىز قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىۋالغانىدى.

ئۇ سانىيەگە بەكمۇ ئىشىنەتتى، شۇنداقتىمۇ بۇگۈنگىچە ئۇنىڭغا مۇھەممەد بىلەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەرمىگەنىدى.

ۋەھداننىڭ يېنىغا سانىيەنى ئەۋەتسە بولامدۇ؟

زۇبەيدە شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىنمۇ دەككە - دۈككىدە قالدى. ئۇنى مۇھەممەدنىڭ ئادرېسىنى بىلىپ كېلىشكە

ئەۋتكەنىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مۇھەممەد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپ بېرىش كېرەك. ئاخىر ئۇ بۇ سىرنى ھەر قانداق ئادەمگە ئېيتىشقا ھەققىم يوق، بۇ مۇھەممەدكە مەنسۇپ سىر، ئۈچىنچى شەخسكە ئېيتىشتىن ئىلگىرى مۇھەممەدنىڭ پىكرىنى ئېلىش كېرەك. سىر سۆيۈشۈشكە ئوخشاش ئىككىلا ئادەمگە تەئەللۇق نەرسە، ئىككى ئادەمدىن ھالقىپ كەتسە ئومۇمغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ، بۇ خەتەرگە ئۆزى تەۋەككۈل قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ سانىيەگە، ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئىسىملىك بىر شەيخنى زىيارەت قىلىپ بارىدىغانلىقىنى، ئۇ شەيخ سوپىزمچىلار مۇرىتى بولۇپ، تۇمار پۈتۈشكە ئۇستىلىقىنى، ئۆزىگە جىن چاپلاشقاندەك بولغاچقا، مۇھەممەد شەيخكە تۇمار پۈتتۈرۈپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېرى ئۇنداق خۇراپىي نەرسىلەرگە ئىشەنمىگەچكە، ئاشكارا بارسا بولمايدىغانلىقىنى، ئاۋۋال سانىيەنىڭ جەزىرە بەدراندىكى بالىلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆيىگە بېرىپ، سانىيەنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئاندىن بارىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

زۇبەيدە پىلانى بويىچە پۇتىغا كەش، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا پۈركەنجە ئارتىپ ئۆيدىن چىقتى ۋە ئادەملەردىن ۋەھدانىنىڭ قەھۋەخانىسىنى سوراپ، قەھۋەخانىنى ئاخىر تاپتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن كىچىك بالىدىن بىرنى ۋەھدانىنى چاقىرىپ چىقىشقا كىرگۈزدى.

ۋەھدان قەھۋەخانىدىن چىقىپ، پۈركەنجە ئارتىۋالغان ئوماق بىر قىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا كېتىۋېتىپ، ئىچىدە: «بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟» دەپ قويدى.

ۋەھدان بۇ ئەتراپتىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتى، ئەمما بۇنداق چىرايلىق ئايالنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

زۇبەيدە تارتىنىپ، ئاران دېگەندە ئۇنىڭدىن ھەنەفى ئۇستامنىڭ ئۆيىنى سورىدى.

ۋەھدان مۇشۇنداق بىر ساھىبجامال قىزنىڭ ھەنەفى ئۇستامدەك ئېلىشىپ قالغان، ئاغرىقچان بىر ئادەمنىڭ ئادرېسىنى سوراۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ ھەم چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭدىن:

— ھەنەفى ئۇستامدا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۇياقنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، — دەپ ئاران جاۋاب بەردى زۇبەيدە.

ۋەھدان خۇددى بۇ قىز ھەنەفى ئۇستام بىلەن كۆرۈشسە بولىدىغان، مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشسە بولمايدىغاندەك چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇشتۇمتۇت ئۆزى پېيىگە چۈشكەن بىر ئايالنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغان بەزى ئادەملەرگە ئوخشاش ناھايىتى سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— مۇھەممەدنىڭ ئاپىسى يۈز - ئابرۇيىنى ساقلايدىغان مەزلۇم، ئۆيىدە ئوغلىنىڭ قىز دوستلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. سىز «نۇر گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىڭ، مۇھەممەد شۇ يەردە مۇھەررىر، — دېدى.

ۋەھداننىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىدىن زۇبەيدە تېڭىرقاپ قېلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كېتىپ قالدى.

ۋەھداننىڭ خۇددى مۇھەممەدنىڭ قىز دوستلىرى كۆپتەك «ئۇ ئوغلىنىڭ قىز دوستلىرىنى ئۆيىدە قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن گېپى زۇبەيدەنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، ئاللىبۇرۇن ئۆچۈپ بولغان كۆنداشلىق ئوتىنى قايتا تۇتاشتۇرۇۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇ دەررۇ ئوتنىڭ تۇتىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ۋەھداننىڭ گېپى راست شۇنداق ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمىسە كېرەك، ئۇ ھەرقاچان، مۇھەممەدنىڭ ئاپىسى ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال، سىزگە ئوخشىمايدۇ، دېمەكچى بولغاندۇ، دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى.

ئۇ ۋەھداننىڭ ئۆزىگە بولغان ئۇنداق قارىشىدىن خاپا بولۇپمۇ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com